تۇرپان شەھەرلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
4 ـ يىغىنىنى ھۆججىتى (24)

# 2017 ـ يىلى شەھەر دەرىجىلىك مالىيە خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 2018 ـ يىللىق خامچوت (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات

2018ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇرپان شەھەرلىك 1ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا بېرىلگەن

**تۇرپان شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى**

ۋەكىللەر :

ھازىر مەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، يىغىنغا 2017ـ يىلى شەھەر دەرىجىلىك مالىيە خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 2018 ـ يىللىق خامچوت (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭىزلارنى سورايمەن.

**1. 2017ـ يىلى مالىيە خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

2017 ـ يىلى، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ زور مەدەت بېرىشى ئاستىدا، شەھىرىمىزدىكى مالىيە تارماقلىرى پارتىيە 18ـ ، 19ـ قۇرۇلتىيى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، شەھەرلىك پارتكوم بېكىتكەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىم ئاشۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خىيىم ـ

خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بەردى. كىرىمنى يىغىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تۈرلەرنى پائال قولغا كەلتۈرۈش، چىقىم قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، مالىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ سىجىل، ماس، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پائال تۆھپىلەرنى قوشتى.

1) پۈتۈن شەھىرىمىز مالىيە خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

(1) كىرىم ئەھۋالى: ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 6 مىليارد 71مىليون 800مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوت 5 مىليارد 919 مىليون 850 مىڭ يۈەننىڭ 102.6% ى ئورۇنلىنىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 1 مىليارد 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 19.8% ئاشتى. مەركەزگە تاپشۇرۇلغان 4 خىل باج 1 مىليارد 701 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 584 مىليون 710 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 52.4% ئاشتى. ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇلغان كىرىم 237 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 24 مىليون 530 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 11.5% ئاشتى.

(2) ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىم ـ چىقىمىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى: ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى 3 مىليارد 617 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوتنىڭ 104.09% تى ئورۇنلىنىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 338 مىليون 950 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 10.34% ئاشتى. ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت چىقىمى 8 مىليارد 856 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوتنىڭ 150.36% تى ئورۇنلىنىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش

مەزگىلىدىكىدىن 1مىليارد 235 مىليون 240 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 16.21% ئاشتى.

كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى: شەھىرىمىزنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 9 مىليارد 439 مىليون 870 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى 3 مىليارد 617 مىليون 690 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ تولۇقلىما ياردىمى كىرىمى 4 مىليارد 636 مىليون 690 مىڭ يۈەن، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئادەتتىكى زايومنى قەرزگە ئايلاندۇرۇش كىرىمى 725 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ 363 مىليون يۈەن، ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق 96 مىليون 990 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي چىقىمى 9 مىليارد 219 مىليون 820 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت چىقىمى 8 مىليارد 856 مىليون 130 مىڭ يۈەن (يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئادەتتىكى زايوم چىقىمى 430 مىليون يۈەن)، ئادەتتىكى زايومنىڭ دىرى ۋە ئۆسۈمنى قايتۇرۇش چىقىمى 295 مىليون 500 مىڭ يۈەن، مەخسۇس تۈردە يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن چىقىم 68 مىليون 190 مىڭ يۈەن، تۆۋەن دەرىجىلىككە ياردەم بېرىلگەن چىقىم 101 مىليون 510 مىڭ يۈەن. كىرىم ـ چىقىمنى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى قالدۇق 241 مىليون 980 مىڭ يۈەن، كېيىنكى يىلغا قالدۇرۇلغان چىقىم 118 مىليون 540 مىڭ يۈەن (ئاپتونوم رايوننىڭ مەخسۇس تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، كېيىنكى يىللىق ھېساباتقا ئاغدۇرۇپ ئىشلىتىلىپ، كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭ بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

(3) ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىم ـ چىقىمى ئەھۋالى

ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى 514 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوتنىڭ 66.88% ى ئورۇنلىنىپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 56 مىليون 610 مىڭ

يۈەن كۆپىيىپ، 12.35% ئاشتى. ھۆكۈمەت فوند چىقىمى 210 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوتنىڭ 27.35% ى ئورۇنلىنىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 249 مىليون 820 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، 54.3% تۆۋەنلىدى.

كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى: ئومۇمىي فوند كىرىمى 685 مىليون 940 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ھۆكۈمەت فوند ى كىرىمى 514 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يۇقىرىنىڭ تولۇقلىما ياردىمى كىرىمى 30 مىليون 440 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق 140 مىليون 520 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي چىقىم 577 مىليون 490 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ھۆكۈمەت فوندى چىقىمى 210 مىليون 610 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېتىلگەن مەبلەغ 363 مىليون 310 مىڭ يۈەن (ئىدىقۇت رايونى، توقسۇن ناھىيەسىگە تەۋە)، تۆۋەن دەرىجىلىككە ياردەم بەرگەن چىقىم 3 مىليون 880 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 108 مىليون 450 مىڭ يۈەن (ئاپتونوم رايوننىڭ مەخسۇس تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، كېيىنكى يىللىق ھېساباتقا ئاغدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**(4) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا اوندى خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

**شەھىرىمىزنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى:** ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى كىرىمى 1 مىليارد 847 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 309 مىليون 920 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، 14.36% تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 382 مىليون 350 مىڭ يۈەن، ئۆسۈم كىرىمى 11 مىليون 800 مىڭ يۈەن، مالىيە ياردەم پۇلى كىرىمى 316 مىليون 40 مىڭ يۈەن؛ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى چىقىمى 1 مىليارد 842 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقى

ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 295 مىليون 310 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، 14% تۆۋەنلىدى.

كىرىم-چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى: ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 847 مىليون 710 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي چىقىم 1 مىليارد 842 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىلدىكى قالدۇق 4 مىليون 760 مىڭ يۈەن.

**(5) دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

تۇرپان شەھىرىمىزدىكى دۆلەت كارخانىسى 16، كارخانىلارنىڭ 2017-يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يەرلىكنىڭ دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتىنى تۈزۈپ يوللاشقا ئۆيغۇن كېلىدىغان شەھەر دەرىجىلىك كارخانا بىر، يەنى تۇرپان شەھەرلىك دۆلەت مۈلكىگە مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. 2017-يىلى شەھەر دەرىجىلىك كارخانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى مۆلچەرلىگەندە، 2017-يىلى شەھەر دەرىجىلىك دۆلەت كارخانىلىرى پايدا يارىتالمىغان، مۆلچەرىمىزچە، 2017-يىلى دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى كىرىمى يوق.

رايون، ناھىيەلەردە يەرلىكنىڭ دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتىنى تۈزۈپ يوللاشقا ئۆيغۇن كېلىدىغان كارخانا بولمىغاچقا، دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى كىرىمى يوق .

**2) شەھەر دەرىجىلىك خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

**(1) مالىيە كىرىم-چىقىمنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى**

2017- يىلى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3- يىغىنىدا تەستىقلانغان شەھەر دەرىجىلىكنىڭ مالىيە كىرىمى خامچوتى 496 مىليون 310 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى 492 مىليون 360 مىڭ يۈەن، ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى 3 مىليون 950 مىڭ يۈەن.

2017- يىلى شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە

يۈرۈشۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، 2017-يىلى 12-ئايدا بىز شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 2017-يىللىق شەھەر دەرىجىلىك مالىيە خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ھەمدە تەستىقتا ئېرىشتۇق. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى مالىيە كىرىمى 642 مىليون 900 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى 634 مىليون 140 مىڭ يۈەن، ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى 8 مىليون 760 مىڭ يۈەن.

2017-يىلى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-يىغىنىدا تەستىقلانغان شەھەر دەرىجىلىكنىڭ مالىيە چىقىمى خامچوتى 1 مىليارد 25 مىليون 170 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمى 1 مىليارد 21 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ھۆكۈمەت فوندى خامچوت چىقىمى 3 مىليون 950 مىڭ يۈەن. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى مالىيە چىقىمى خامچوتى 1 مىليارد 381 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 197 مىليون 290 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمى 1 مىليارد 376 مىليون 390 مىڭ يۈەن، ھۆكۈمەت فوندى خامچوت چىقىمى 4 مىليون 760 مىڭ يۈەن.

**(2) ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىم-چىقىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى 634 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقى 464 مىليون 490 مىڭ يۈەندىن 169 مىليون 650 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 36.52% ئېشىپ، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى خامچوت 100% ئورۇنلاندى. ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمىدە باج كىرىمى 498 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقى 339 مىليون 690 مىڭ يۈەندىن 158 مىليون 620 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 46.69% ئاشتى؛ باج كىرىمىنىڭ ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 78.58% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.5

پىرسەنت پوئىنىت ئۆرلىدى.

ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت چىقىمى 1 مىليارد 376 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقى 1 مىليارد 166 مىليون 680 مىڭ يۈەندىن 209 مىليون 710 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 17.97% ئېشىپ، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى خامچوت 100% ئورۇنلاندى.

كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇش نەتىجىسى: ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 527 مىليون 110 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى 634 مىليون 140 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ تولۇقلىما ياردىمى كىرىمى 676 مىليون 70 مىڭ يۈەن، تۆۋەن دەرىجىلىك ھېسابقا ئۆتكۈزگەن كىرىم 81 مىليون 900 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرزگە ئايلاندۇرۇش كىرىمى 135 مىليون يۈەن؛ ئومۇمىي چىقىم 1 مىليارد 525 مىليون 460 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت چىقىمى 1 مىليارد 376 مىليون 390 مىڭ يۈەن، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزۈلگەن چىقىم 22 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئادەتتىكى زايومنىڭ دىرىنى قايتۇرۇش چىقىمى 25 مىليون يۈەن، تۆۋەن دەرىجىلىككە ياردەم بېرىلگەن چىقىم 101 مىليون 510 مىڭ يۈەن. كىرىم ـ چىقىمنى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى قالدۇق 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن، كېيىنكى يىللىق ھېساباتقا ئاغدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

(3) ھۆكۈمەت فوندى خامچوتى كىرىم ـ چىقىمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

ھۆكۈمەت فوندى خامچوتى كىرىمى 8 مىليون 76 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 6 مىليون 620 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 309.34% ئېشىپ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى خامچوت 100% ئورۇنلاندى. ھۆكۈمەت فوندى خامچوت چىقىمى 4 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش

مەزگىلىدىكىدىن 12 مىليون 420 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، %72.29 تۆۋەنلەپ، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى خامچوت %100 ئورۇنلاندى.

كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى: ئومۇمىي كىرىمى 15 مىليون 530 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى 8 مىليون 760 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ تولۇقلىما ياردىمى كىرىمى 6 مىليون 770 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي چىقىم 8 مىليون 640 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ھۆكۈمەت فوندى خامچوت چىقىمى 4 مىليون 760 مىڭ يۈەن، تۆۋەن دەرىجىلىككە ياردەم بەرگەن چىقىم 3 مىليون 880 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 6 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولۇپ، كېيىنكى يىللىق ھېساباتقا ئاغدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**(4) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

**شەھەر دەرىجىلىكنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى:** ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى كىرىمى 1 مىليارد 23 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 854 مىليون 640 مىڭ يۈەن، ئۆسۈم كىرىمى 9 مىليون 890 مىڭ يۈەن، مالىيە ياردەم پۇلى كىرىمى 21 مىليون 160 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 137 مىليون 490 مىڭ يۈەن؛ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى چىقىمى 1 مىليارد 59 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3.5 تۆۋەنلىدى. مۆلچەرىمىزچە شۇ يىلدىكى كىرىم ـ چىقىم قالدۇقى مىنۇس 35 مىليون 960 مىڭ يۈەن.

**(5) دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

تۇرپان شەھىرىمىزدىكى دۆلەت كارخانىسى 16، كارخانىلارنىڭ 2017 ـ يىللىق تىجارەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يەرلىكنىڭ دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتىنى تۈزۈپ يولغا قويۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان شەھەر دەرىجىلىك كارخانا بىر، يەنى تۇرپان شەھەرلىك دۆلەت

مۈلكىگە مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. 2017-يىلى شەھەر دەرىجىلىك كارخانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى مۆلچەرلىگەندە، 2017-يىلى شەھەر دەرىجىلىك دۆلەت كارخانىلىرى پايدا يارىتالمىغان، مۆلچەرىمىزچە، 2017-يىلى دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى كىرىمى يوق.

### 3) 2017-يىلدىكى ئاساسلىق مالىيە خىزمىتى ۋە خامچوتنى ئىجرا قىلىشتىكى ئالاھىدىلىكلەر

2017-يىلى، شەھەرىمىزدىكى مالىيە-باج تارماقلىرى شەھەرلىك پارتكومنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، 1- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-يىغىنى تەستىقلىغان مالىيە خام چوت لايىھسەسىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، «كىرىمنى ئەمەلىي ئىشلەش، مالىيە كۈچىنى كۈچەيتىش، چىقىمنى سەرخىللاشتۇرۇش، تۈزۈلمىنى جانلاندۇرۇش، باشقۇرۇشنى ئىنچىكە قىلىش»نى خىزمەت نىشانى قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش-چىقىمنى تېجەشكە تىرىشىپ، باج باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشى سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك مەبلەغلەرنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، شەھىرىمىز ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 2017 - يىلى پۈتۈن شەھىرىمىزنىڭ مۇتلەق چىقىمى مۆلچەرلىنىشىچە 5 مىليارد 575 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1مىليارد 300 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ئاساسلىقى شەھىرىمىز بويىچە ئىش ھەققىگە، مۇقىملىققا، خەلق تۇرمۇشىغا، ئاپپاراتلارنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئىشلىتىلدى؛ خەلق تۇرمۇشى چىقىمى 6 مىليارد 225 مىليون 860 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمىنىڭ 70.3% نى ئىگىلەپ، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت يىل بېشىدا بېكىتىلگەن 15 خىلدىكى 64 تۈرلۈك نۇقتىلىق

خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇش مەبلىغى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى .

**(1) مالىيە كىرىمىنى يىغىش-باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى.** كىرىمنى تەشكىللەش كۈچەيتىلىپ، باج، بانكا بىرلەشمە يىغىنى قەرەللىك ئېچىلىپ، خىزمەتتە بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈلۈپ، كىرىم تەشكىللەش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ئەستايىدىل تېپىپ چىقىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچلەر قېزىلدى؛ باج ئېلىش-باشقۇرۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، نۇقتىلىق تۇرلەر، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئىز قوغلاپ باشقۇرۇش ياخشى ئىشلىنىپ، نۇقتىلىق كارخانا، نۇقتىلىق باج مەنبەلىرىنى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، يىغىشقا تېگىشلىكلىرى تولۇق يىغىلدى؛ باجسىز كىرىمنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، يىل بېشىدا بېكىتىلگەن كىرىم ۋەزىپىسىگە سېلىشتۇرۇپ، ئورۇنداش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ ستاتىستىكىلاپ كۆزىتىپ، باجسىز كىرىمنى ۋاقتىدا تولۇق خەسىنىلەشتۇرۇشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

**(2) پائال مەبلەغ توپلاپ، شەھىرىمىز ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئىلگىرى سۇرۇلدى.** شەھەرلىك پارتكومنىڭ تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، سىياسەت تەتقىقاتى كۈچەيتىلىپ، مالىيەنىڭ فۇنكسىيىسى جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېزا تاشيولى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپى تەرەققىياتى، ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار تەرەققىياتى مەخسۇس تۇرى، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۇرلەر مەبلىغى تىرىشىپ قولغا كەلتۇرۇلۇپ، ئاشقان مالىيە كۈچى ئارقىلىق، شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۇرۇلدى. مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، يېقىنىدىن ماسلىشىپ، سىياسەتنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، تۇرلەرنى ئىلتىماس قىلىش سۇپىتى ئۆستۇرۇلۇپ،

ئىقتىسادىي ئاساس پۇختىلىنىپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچ ئۆستۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(3) چىقىم قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، خەلق تۇرمۇشى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈلدى ۋە ياخشىلاندى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق تۇرمۇشى چىقىمىنى باشتىن-ئاخىر مۇقىم ئاشۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتا قاتارىدا ئالدىن كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى، 2017-يىلى ئادەتتىكى مالىيە خام چوت چىقىمى 1 مىليارد 376 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18%ئېشىپ، 209 مىليون 710 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، يىل بېشىدىكى خامچوتتىكىدىن 355 مىليون 170 مىڭ يۈەن ئارتۇق چىقىم قىلىنىپ، شەھىرىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى تەرەققىياتى كۈچلۈك مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلەندى. بىرىنچىدىن، چەكلىك مالىيە كۈچى دەل جايىغا سەرپ قىلىندى. «مۇتلەق چىقىم، نۇقتىلىق چىقىم ۋە خەلق تۇرمۇشى چىقىمىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتىكى چىقىملارنى قىسقارتىش» تىن ئىبارەت چىقىم پىرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ 2017-يىلدىكى تۈرلۈك «مۇتلەق چىقىم» ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، يوچۇق قالدۇرۇلمىدى، قىزىل رەقەم پەيدا قىلىنمىدى. ئىككىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشى چىقىمى ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىندى. 2017-يىلى شەھەر دەرىجىلىكنىڭ خەلق تۇرمۇشى چىقىمى 812 مىليون 470 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، مائارىپ چىقىمى 126 مىليون 680 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ۋە تارقىتىش ۋاستىلىرى چىقىمى 128 مىليون 640 مىڭ يۈەن، پەن-تېخنىكا چىقىمى 10 مىليون 470 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمى 122

مىليون 760 مىڭ يۈەن، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت چىقىمى 101 مىليون 600 مىڭ يۈەن، شەھەر ـ يېزا مەھەللە ئىشلىرى چىقىمى 61 مىليون 470 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرى چىقىمى 68 مىليون 60 مىڭ يۈەن، قاتناش ـ ترانسپورت چىقىمى 54 مىليون 690 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ كاپالىتى چىقىمى 44 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت يىل بېشىدا بېكىتكەن نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى مەبلىغىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئۇچىنچىدىن، نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە زور كۈچتە مەدەت بېرىلدى. تەكتىنى ئىگىلەش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇستەھكەملەش مەخسۇس مەبلىغىدىن 13 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش كۈچلۈك مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلەندى. تۆتىنچىدىن، مالىيە كۈچى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلار قىلىندى، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرى سىياسىتىگە ئالدىن مەدەت بېرىلدى . 2017 ـ يىلى «قوش تىل» مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى كاپالىتى خىراجىتى ۋە نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىش مەخسۇس مەبلىغىدىن 18 مىليون 320 مىڭ يۈەن، قىيىنچىلىقى بار ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى مېيىپلار ياردەم مەبلىغىدىن 9 مىليون 751 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، نامرات مېيىپلار «ئىللىق ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى»نى يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى 1 مىليون 442 مىڭ 500 يۈەن ، يېزا ـ بازار شىپاخانىسى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى مەخسۇس مەبلىغى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش ۋە ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ياردەم

پۇلى 2 مىليون 829 مىڭ يۈەن، بۇرۇنقى چىچان خىمىيە باش زاۋۇتى، قىزىلىيۇلتۇز كۆمۈر كېنى قاتارلىق قىيىنچىلىقتا قالغان، تۋەيران بولغان كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم پۇلى 3 مىليون 120 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، يۇقىرىقى خەلق تۇرمۇشى سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، تۇرپان شەھىرىمىزدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي نەپكە بىۋاستە ئېرىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەھەرلىك پارتكومىنىڭ « خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش»تىن ئىبارەت مۇھىم تەدبىر ۋە ئورۇنلاشتۇرمىسى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

(4) مالىيە ياردىمى ئارقىلىق، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، دۆلەتنىڭ كىچىك ، مىكرو كارخانىلارغا باجدا ئېتىبار بېرىش ۋە كارخانىلارغا چېتىشلىق ھەقلەرنى كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ يۈكى ئەڭ زور دەرىجىدە يېنىكلىتىلىپ ، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىلىپ، بىر يىلدا تۈرلۈك باج كىرىمىدىن 21 مىليون يۈەن كەچۈرۈم قىلىندى . ئىككىنچىدىن، ئاۋىياتسىيە قاتنىشى لىنىيەسىنى يېتىلدۈرۈش ياخشى ئىشلەندى. ئايرودۇرۇم كاپالىتى ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى،ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى تولۇقلىمىسى مەخسۇس مەبلىغىدىن 70 مىليون 530 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، ئايرودرومنىڭئاۋىياتسىيە لىنىيەسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ ، تۇرپان شەھىرىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى . ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت زايوم مەبلىغىدىن 725 مىليون 500 مىڭ يۈەن پائال قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە: يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئادەتتىكى زايومنى قەرز بىرىشكە ئۆزگەرتىش كىرىمى 430 مىليون يۈەن ، ئالماشتۇرۇلغان زايومنى قەرز بىرىشكە ئۆزگەرتىش كىرىمى 295 مىليون 500

مىڭ يۈەن بولۇپ، شەھىرىمىزنىڭ قەرز قايتۇرۇش بېسىمى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىلىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى .

**(5) مالىيە ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئىلمىي، ئىنچىكە باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.** بىرىنچىدىن، «خام چوت قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تارماقلارنىڭ خامچوتىنى باشقۇرۇش يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، خام چوتنى ئىجرا قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت ئىشى كارتىسى ۋە خام چوتنى ھەرىكەتچان نازارەت قىلىش ئىسلاھاتى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، خامچوت باشقۇرۇش ئىسلاھاتى خىزمىتى تېزلىتىلدى؛ ئىككىنچىدىن، خامچوت ۋە نەقچوت ئۇچۇرىنى ئاشكارىلاش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى، شەھەر دەرىجىلىكتىكى 128 خام چوت ئورۇنلىرىنىڭ 2017-يىللىق تارماق خامچوتى ئۇچۇرى ۋە 2016- يىللىق تارماقلارنىڭ نەق چوتى ئۇچۇرىنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارىلاپ، ھەمدە تەلەپ بويىچە چىقىم فۇنكسىيەسى بويىچە تۈر دەرىجىلىك ھېساب تۈرىگىچە تەپسىلىيلەشتۈرۈپ، ئاشكارىلاش نىسبىتى 100% گە يەتكۈزۈلدى؛ ئۈچىنچىدىن، خامچوت ئۈنۈمىنى باھالاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، نۇقتىلىق تۈرلەر چىقىمىدا ئىز قوغلاپ ئۈنۈمى سۈرۈشتۈرۈلدى؛ تۆتىنچىدىن، خامچوت تۈزۈش، خام چوتنى ئىجرا قىلىش ۋە نەتىجە-ئۈنۈمنى باھالاش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چۆرىدەپ، ئىرەك سۈپىسى قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىشنى تېزلىتىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ مالىيەنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئىنچىكە باشقۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ بەشىنچىدىن، بىرلىككە كەلگەن باجسىز كىرىمنى يىغىش-باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىنىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، باجسىز كىرىمنى يىغىپ تاپشۇرۇش سىستېمىسى ئېلېكترونلۇق تالوننى باشقۇرۇش

ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، مالىيە مەبلىغىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى؛ ئالتىنچىدىن، ھۆكۈمەت ۋە ئىجتىمائىي كاپىتال ھەمكارلىقى (PPP) ئەندىزىسىنى تۈرىنى يولغا قويۇش پۇختا ئىلگىرى سۈرۈلدى . 2017 ـ يىلى خەزىنىلەشكەن PPP تۈرى 15 ، بۇنىڭ ئىچىدە 6 تۈردە كېلىشىم ئىمزالىنىپ ماكانلاشتى، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 766 مىليون يۈەن؛ بەش تۈر توختام ئىمزالاش باسقۇچىغا كىردى، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليارد 780 مىليون يۈەن؛ 2 تۈر تۈرنى سېتىۋېلىش باسقۇچىغا كىردى، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 897 مىليون يۈەن.

(6) ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ھۆكۈمەت قەرزى خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە پەسەيتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە مالىيە نازارىتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەت، يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت قەرزىنى ئېنىقلاش، رەتكە سېلىپ ۋە ئۆزگەرتىش، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت قەرزىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ ۋە ھەل قىلىپ، سىستېمىلىق، رايون خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرى پەيدا بولۇشنىڭ قەتئىي ئالدى ئېلىندى .

ۋەكىللەر، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ۋە يېڭى تەلەپلەر ئالدىدا، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتۇقكى، نۆۋەتتە شەھىرىمىز مالىيە كىرىمىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېشىشى مۇتلەق چىقىمنىڭ ئىزچىل ئېشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئامالسىز . بۇ نۆۋەتتە جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا ، شۇنداقلا مالىيە خىزمىتىمىزدىكى قىيىن نۇقتا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تەدرىجى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 2. 2018 ـ يىللىق مالىيە خامچوتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

2018 ـ يىلى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرىدىغان تۇنجى يىل،ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنىش، 13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشتىكى ئاچقۇچلۇق بىر يىل. يېڭى بىر يىلدا بىز نۇرغۇن تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە پايدىلىق شارائىتلارغا دۇچ كېلىمىز، شۇڭا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتۇپ، تەرەققىيات ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىش، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش ئاساسىي رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مالىيە خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيمىز.

2018 ـ يىلى خامچوت تۈزۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيە: پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىجىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ تەدبىر ئورۇنلاشتۇرمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، كىرىمنى يىغىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كىرىمنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مالىيە چىقىمى قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى ۋە شەھەر دەرىجىلىك زور چىقىم تۈرلىرىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرىلەش داۋامىدا سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، خامچوت بىخەتەرلىكى ۋە خامچوت نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن خىزمەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھىرىمىز ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشەنچلىك مالىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش.

### 1) شەھىرىمىزنىڭ مالىيە خامچوتى ( لايىھە )

شەھىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھالىتى ۋە جەمئىيەت ئېھتىياجى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئونىۋېرسال تەھلىل

قىلىغاندىن كېيىن، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مالىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە، 2018-يىلى يەرلىكنىڭ ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى %10 ئاشۇرۇش نىسبىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**(1) شەھىرىمىزنىڭ مالىيە خامچوت لايىھەسى**

ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى: نىشان-ۋەزىپە 3 مىليارد 979 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، %10 ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە: شەھەر دەرىجىلىكنىڭ 149 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئىدىقۇت رايونىنىڭ 1 مىليارد 18 مىليون 130 مىڭ يۈەن، پىچان ناھىيەسىنىڭ 1 مىليارد 554 مىليون 540 مىڭ يۈەن، توقسۇن ناھىيەسىنىڭ 1 مىليارد 257 مىليون 380 مىڭ يۈەن.

ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت چىقىمى: نىشان-ۋەزىپە 6 مىليارد 866 مىليون 930 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: شەھەر دەرىجىلىكنىڭ 1 مىليارد 466 مىليون 800 مىڭ يۈەن (رايون، ناھىيەلە ھېسابقا ئۆتكۈزگەن چىقىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىدىقۇت رايونىنىڭ 1 مىليارد 964 مىليون 120 مىڭ يۈەن، پىچان ناھىيەسىنىڭ 1 مىليارد 767 مىليون 960 مىڭ يۈەن، توقسۇن ناھىيەسىنىڭ 1 مىليارد 668 مىليون 50 مىڭ يۈەن.

كىرىم - چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى: ئومۇمىي كىرىم 6 مىليارد 956 مىليون 260 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى 3 مىليارد 979 مىليون 460 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ تولۇقلىما ياردىمى كىرىمى مۆلچەرىمىزچە 2 مىليارد 443 مىليون 550 مىڭ يۈەن، تۆۋەن دەرىجىلىك ھېسابقا ئۆتكۈزگەن كىرىم 64 مىليون 710 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ 350 مىليون يۈەن(ئىدىقۇت رايونىغا تەۋە). ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق 118 مىليون 540 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي چىقىم 6 مىليارد 956 مىليون 260 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ئادەتتىكى مالىيە خامچوت

چىقىمى 6 مىليارد 866 مىليون 930 مىڭ يۈەن، مەخسۇس يۆتكىمە ھېسابىغا ئۆتكۈزۈلگەن چىقىم 89 مىليون 330 مىڭ يۈەن(مەخسۇس تۈردە ئاپتونوم رايون ھېسابىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئىقتىساسلىقلار، قاتناش ۋە سۇچىلىق قاتارلىق چىقىملار) بولۇپ، كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭلاشتۇرۇلدى.

(2) ھۆكۈمەت فوندى خامچوتى (لايىھە)

ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى 875 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە: شەھەر دەرىجىلىكنىڭ 8 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئىدىقۇت رايونىنىڭ 405 مىليون 610 مىڭ يۈەن، پىچان ناھىيەسىنىڭ 260 مىليون 760 مىڭ يۈەن، توقسۇن ناھىيەنىڭ 200 مىليون 430 مىڭ يۈەن. فوندى خامچوت چىقىمى 575 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە: شەھەر دەرىجىلىكنىڭ 8 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئىدىقۇت رايونىنىڭ 405 مىليون 610 مىڭ يۈەن، پىچان ناھىيەسىنىڭ 260 مىليون 760 مىڭ يۈەن، توقسۇن ناھىيەنىڭ 200 مىليون 430 مىڭ يۈەن.

ھۆكۈمەت فوندى ئومۇمىي كىرىمى 978 مىليون 890 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى 868 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ تولۇقلىما ياردىمى كىرىمى 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن؛ ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق 108 مىليون 540 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي چىقىم 925 مىليون 350 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ھۆكۈمەت فوندى خامچوت چىقىمى 575 مىليون 350 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ 350 مىليون يۈەن (ئىدىقۇت رايونىغا تەۋە). قالدۇق 53 مىليون 540 مىڭ يۈەن كېيىنكى يىللىق ھېساباتقا ئاغدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

(3) شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى خامچوتى

كىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى تەكلىپ: 2018 ـ يىلى

شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي سوغۇرتا فوندى كىرىمى مۆلچەرىمىزچە 3 مىليارد 85 مىليون 290 مىڭ يۈەن ئورۇنلاپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليارد 237 مىليون 580 مىڭ يۈەن كۆپەيتىپ، 66.98% ئاشۇرۇش. بۇنىڭ ئىچىدە: سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 701 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ئۆسۈم كىرىمى 14 مىليون 870 مىڭ يۈەن، مالىيە ياردەم پۇلى كىرىمى 426 مىليون 610 مىڭ يۈەن. مۆلچەردىكى كىرىمنى كۆپەيتىشتىكى سەۋەبلەر:

بىرىنچىدىن، 2018-يىلى 5-ئايدىن باشلاپ، كارخانا ئىشچى خىزمەتچىلىرىنىڭ كۈتىنىش سوغۇرتىسى ھەققىنى تاپشۇرۇش نىسبىتى ئەسلىگە قايتىپ 20% بولىدۇ؛

ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى مۆلچەرىمىزچە 5% ئاشىدۇ؛

ئۈچىنچىدىن، ئورگان، كەسپىي ئورۇن ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ھەق تاپشۇرىدىغان ئىش ھەققى ئاساسىي سانىنىڭ كۆپىيىشى.

مۆلچەردىكى چىقىمنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ: 2018-يىلى شەھىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي سوغۇرتا چىقىمىنى مۆلچەرىمىزچە 2 مىليارد 948 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليارد 105 مىليون 700 مىڭ يۈەن كۆپەيتىپ، 60% ئاشۇرۇش. مۆلچەردىكى چىقىمنى كۆپەيتىشتىكى سەۋەبلەر:

بىرىنچىدىن، مۆلچەرىمىزچە كارخانىلاردىن پېنسىيەگە چىققان خادىملارنىڭ ئىش ھەققى سىياسەت خاراكتېرلىق تەڭشىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.5% ئەتراپىدا ئاشىدۇ؛

ئىككىنچىدىن، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن پېنسىيەگە چىققان خادىملارنىڭ ئىش ھەققى سىياسەت خاراكتېرلىق تەڭشىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4% ئەتراپىدا ئاشىدۇ.

كىرىم-چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى: ئومۇمىي

كىرىم 3 مىليارد 85 مىليون 290 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي چىقىم 2 مىليارد 948 مىليون 650 مىڭ يۈەن، مۆلچەرىمىزچە يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 136 مىليون 640 مىڭ يۈەن.

(4) دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتى (لايىھە)

تۇرپان شەھىرىمىزدىكى دۆلەت كارخانىسى 16، كارخانىلارنىڭ 2017-يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يەرلىكنىڭ دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتىنى تۈزۈپ يوللاشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان شەھەر دەرىجىلىك كارخانا بىر، يەنى تۇرپان شەھەرلىك دۆلەت مۈلكىگە مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. 2017-يىلى شەھەر دەرىجىلىك كارخانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى مۆلچەرلىگەندە، 2018-يىلى شەھەر دەرىجىلىك دۆلەت كارخانىلىرى پايدا يارىتالمايدۇ، مۆلچەرىمىزچە، 2018-يىلى دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى كىرىمى خامچوتى ۋە دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى چىقىمى يوق.

رايون، ناھىيەلەردە يەرلىكنىڭ دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتىنى تۈزۈپ يوللاشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانا يوق.

2) شەھەر دەرىجىلىك خامچوت كىرىم-چىقىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش (لايىھە)

(1) ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوتى

ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى 149 مىليون 410 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە باجسىز كىرىم 149 مىليون 410 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 10% ئاشۇرۇلدى. ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمى 1 مىليارد 466 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئادەتتىكى جامائەت مالىيە خامچوت كىرىمى 149 مىليون 410 مىڭ يۈەن، تۆۋەن دەرىجىلىك ھېسابقا ئۆتكۈزىدىغان مەبلەغ 935 مىليون 540 مىڭ يۈەن ۋە يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ ياردەم مەبلىغى 381 مىليون 990 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 466

مىليون 800 مىڭ يۈەن. ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمى 1 مىليارد 439 مىليون 120 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزىدىغان چىقىم 27 مىليون 680 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىم 1 مىليارد 466 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىرىم ـ چىقىمنى ئۇدۇللىغاندا، شۇ يىللىق خامچوت كىرىم ـ چىقىمى تەڭپۇڭلىشىدۇ.

(2) ھۆكۈمەت فوندى خامچوتى (لايىھە)

ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمىنى 8 مىليون 550 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش. فوندى خامچوت چىقىمىنى 8 مىليون 550 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ 202% ئاشۇرۇش.

ھۆكۈمەت فوندى ئومۇمىي كىرىمى 8 مىليون 550 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ تولۇقلىما ياردەم كىرىمى 50 مىڭ يۈەن؛ ھۆكۈمەت فوندى خامچوت چىقىمى 8 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭلىشىدۇ.

(3) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى خامچوتى (لايىھە)

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى كىرىمىنى 1 مىليارد 277 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، 24.86% ئاشۇرۇش. بۇنىڭ ئىچىدە: سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 338 مىليون 990 مىڭ يۈەن، ئۆسۈم كىرىمى 12 مىليون 240 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا چىقىمىنى1 مىليارد 294 مىليون 940 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، 22.26% ئاشۇرۇش. مۆلچەردىكى شۇ يىللىق قالدۇق مىنۇس 17 مىليون 400 مىڭ يۈەن.

(4) دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتى (لايىھە)

تۇرپان شەھىرىمىزدىكى دۆلەت كارخانىسى 16، كارخانىلارنىڭ 2017 ـ يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يەرلىكنىڭ دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتىنى تۈزۈپ يوللاشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان شەھەر دەرىجىلىك كارخانا بىر، يەنى تۇرپان شەھەرلىك دۆلەت

مۈلكىگە مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى. 2017-يىلى شەھەر دەرىجىلىك كارخانىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى مۆلچەرلىگەندە، 2018-يىلى شەھەر دەرىجىلىك دۆلەت كارخانىلىرى پايدا يارىتالمايدۇ، مۆلچەرىمىزچە، 2018-يىلى دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى كىرىمى خامچوتى ۋە دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى چىقىمى يوق.

**3) 2018-يىللىق مالىيە خىزمىتى تەدبىرلىرى**

2018-يىللىق مالىيە خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىمىز:

**(1) باج مەنبىيى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مالىيە كىرىمىنى پائال تەشكىللەيمىز.**

كىرىمنى يىغىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇقىم ئاشۇرۇش، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۈچ سەرىپ قىلىمىز. باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش بىلەن كىرىمنى قانۇن بويىچە تەشكىللەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، كىرىمنى يىغىش-باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇتىمىز. بىرىنچىدىن، ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مالىيە-باج تارماقلىرىنىڭ ماسلىشىشى، ھەمكارلىشىشىنى كۈچەيتىپ، باج تارماقلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق باج كىرىمى خامچوتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دەرىجىگە ئايرىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بېسىم شەكىللەندۈرىمىز. رىغبەتلەندۈرۈش-چەكلەش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ۋە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يىغىش-باشقۇرۇشنى تۇرۇش،كىرىمنى ئاشۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاكتىپلىقىنى قوزغايمىز . ئىككىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، نەتىجە-ئۈنۈم نىشانىنى باھالاش چارىسىنى قاتتىق يولغا قويىمىز. ئۈچىنچىدىن، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باج مەنبەسىنى

تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، باج كاپالىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باجغا ئالاقىدار ئۇچۇرلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش سۈپىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، نۇقتىلىق باج مەنبەسىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى يېقىندىن ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، باجنى ئارتۇق يىغىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلمايمىز. تۆتىنچىدىن، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باجسىز كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ،ئېلىشقا تېگىشلىك باجنى تولۇق ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىمىز . بەشىنچىدىن، مالىيەدىن يۆلەش سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل رەتلەپ چىقىپ، شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق تارماق، ئورۇنلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلىرىبىلەن تەشەببۇسكارلىق ئالاقىلىشىشقا ماسلاشتۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ مالىيە مەبلىغىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، تورپان شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

**(2) چىقىم قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، مالىيەنىڭ كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز.**

«تۆۋەن چەكنى ساقلاش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش» تەلىپى بويىچە، مالىيە چىقىم قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، تېخىمۇ كۆپ مالىيە كۈچىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە سەرىپ قىلىمىز. بىرىنچىدىن، « ئىش ھەققىگە، مۇقىملىققا، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش» نى ئاساس قىلىپ، ئاساسىي چىقىم ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، ئادەتتىكى چىقىملارنى زور كۈچ بىلەن قىسقارتىپ، چەكلىك مالىيە كۈچىنى جايىغا ئىشلىتىمىز . ئىككىنچىدىن، مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىن راۋاجلاندۇرىمىز. مەجبۇرىيەت مائارىپى كاپالىتى

مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار قوش تىل مائارىپى، كەسپىي مائارىپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، شەھەر-يېزا مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئۈچىنچىدىن، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سېلىنمىسىنى ئاشۇرىمىز. شۇ دەرىجىلىكتە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش مەبلىغى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مالىيە سېلىنمىسى ۋە مەبلەغنى بىرىكتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي كاپىتال سېلىنمىسىنى يېتەكلەپ، مالىيە مەبلىغىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىنى ياخشىقىلىشقا مەدەت بېرىمىز. تۆتىنچىدىن، مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنى ئاشۇرىمىز. جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە مەدەت بېرىمىز. بەشىنچىدىن، ئىجتىمائىي كاپالەت سېلىنمىسىنى ئاشۇرىمىز. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورگان-كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھىرىمىز خەلقىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

**(3) خام چوت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوچۇق - ئاشكارا خامچوت تۈزۈمى ئورنىتىمىز.**

«خام چوت قانۇنى» ۋە ئۇنى يولغا قويۇش نىزامىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مالىيە - ئىقتىساد ۋەزىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك قېلىپلاشقان، ئاشكارا خامچوت تۈزۈمى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولىمىز. بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت

خامچوتنى مۇۋاپىق تۈزىمىز. 2018 ـ يىللىق خامچوتنى ئىنچىكە، ئەتراپلىق، ئىلمىي، مۇۋاپىق تۈزەيمىز. ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مالىيە دوكلاتى تۈزۈمى ۋە « چىقىم ئىقتىساد تۈرى ئىسلاھات لايىھەسى» بويىچە خام چوت تۈزۈش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي ئۇچۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ، مالىيە دومىلىما خامچوتنى ئىلمىي، مۇۋاپىق تۈزۈپ، خامچوت تۈزۈشنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە توغرىلىقىنى ئاشۇرىمىز. ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى خامچوت تۈزۈش، خام چوتنى ئىجرا قىلىش، نەق چوت قىلىش قاتارلىق خام چوتنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھاتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. ئىككىنچىدىن، خام چوتنىڭ چەكلەش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز. خامچوت ۋە نەقچوت ئۇچۇرىنى ئاشكارىلاشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنبەدىن كونترول قىلىپ، خامچوت ئارقىلىق چەكلەشنى كۈچەيتىپ، خامچوت بويىچە كۆپەيتىلىدىغان تۈرلەرنى قاتتىق كونترول قىلىپ، «ئاۋۋال خامچوت تۈزۈش، ئاندىن چىقىم قىلىش، خام چوت بولمىسا، چىقىم چىقىم قىلماسلىق» پىرىنسىپى بويىچە، خامچوت ئىجراسىنىڭ قەتئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز . ئۈچىنچىدىن، مەبلەغ سېلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىمىز. مالىيە ساقلانما مەبلىغىنى داۋاملىق ئېنىقلاپ، جانلاندۇرۇپ، مەخسۇس مەبلەغنى بىرىكتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق كارخانا، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىمىز. تۆتىنچىدىن، ناھىيە، يېزا مالىيە مەبلىغىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام مالىيە ئورۇنلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش پونكىتىنى نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەبلەغ ۋە كادىرلار بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. بەشىنچىدىن، كارخانىلارغا چېتىشلىق

ھەق ئېلىشنى ئىنقىلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» تەلپى بويىچە، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» جەھەتتىكى ھەق ئېلىشنى ئىنقىلاش ئىسلاھاتى خىزمىتىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز.

**(4) يەرلىك ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىمىز.**

بىرىنچىدىن، «خامچوت قانۇنى» ، گ [2015] 43 ـ نومۇرلۇق ۋە م خ [2017] 50 ـ نومۇرلۇق ، م خ [2017] 87 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتلەردىكى تەلەپلەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شەھىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شەھىرىمىزنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك قېلىپلاشتۇرۇپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھۆكۈمەت قەرزىنى تۈزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھۆكۈمەت قەرز خەۋپ ـ خەتىرىنى پائال، مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھۆكۈمەت قەرزىنىڭ قايتا پەيدا بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇش قىزىل سىزىقى ۋە تۆۋەن چېكىنى قاتتىق ساقلاپ، مالىيە، پۇل مۇئامىلە خەۋپىنىڭ ھەقىقىي ئالدىنى ئالىمىز. ئىككىنچىدىن، يەرلىك ھۆكۈمەت زايوم مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىمىز. مەركەز، ئاپتونوم رايون پۇل ـ مۇئامىلە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەت چېكىنى ئىگىلەشتە ھۆكۈمەتنىڭ قەرز ئېلىشنى بىردەك گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان نورما ئىچىدە يەرلىك ھۆكۈمەت زايومى تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭدىن باشقا، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلارنىڭ ھەرقانداق شەكىل

بىلەن قەرز ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ قەرزگە ھەرقانداق شەكىل بىلەن كېپىل بولۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى ئۈچۈن قەرز قايتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ۋەدە بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىمىز . 2018 ـ يىلدىن كېيىن، ھۆكۈمەت قەرزىنىڭ ئاشماسلىقىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرىمىز.

(5) ppp ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، **ھۆكۈمەت ۋە ئىجتىمائىي كاپىتال ھەمكارلىقىغا ئىلھام بېرىپ، ئىسلاھات، مۇلازىمەت، تەمىنلەش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز.**

ئۆل ئەسلىھە ۋە جامائەت ئىشلىرى قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرلەرنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ مەبلەغ سېلىشنى ئۈنۈملۈك تەقسىملەش پرىنسىپى بويىچە، ھۆكۈمەت ۋە ئىجتىمائىي كاپىتال ھەمكارلىقى ئومۇمىي يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەيمىز. تۈرلەرنى يولغا قويۇشنى تۇتقا، مالىيە سىياسىتىنى ھەمتۈرتكە قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمەت بىلەن ئىجتىمائىي كاپىتال ھەمكارلىقى سۇپىسى قۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن بازار ئىجازىتىنى يولغا قويۇپ، باراۋەر پۇرسەت يارىتىپ، ئادىل بولۇش، ياخشىلىرىنى تاللاش ئارقىلىق ئىجتىمائىي مەبلەغ سالغۇچىنى بېكىتىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا يۈرۈشتۈرۈپ، ppp ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، مۇلازىمەت، تەمىنلەش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز.

ۋەكىللەر، بۇ يىلقى مالىيە كىرىم ـ چىقىم خامچوتىنى تولۇق ئورۇنلاپ، مالىيە، باج تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈشتە مەسئۇلىيىتىمىز ئېغىر، بۇرچىمىز شەرەپلىك.

بىز شەھەرلىك پارتكومنىڭ كۆچلۈك رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، مالىيە مەسئۇلىيىتىمىزدە دىققەت قىلىپ، ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق مالىيە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنلاپ، تۇرپان شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئىناق مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشىمىز!

بۇ دوكلاتنى قاراپ چىقىشقلارنى سورايمەن .